ئەيىبلەش

# ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز

☐ ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۆھتەرەم شېرىپ

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى غەرەزلىك ھاقارەتلەپ، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان نىيەتتە ھۇجۇم قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتى، شىنجاڭدىكى دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئەڭ ئېنىق، شۇنداقلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. شىنجاڭدا، ھەر مىللەت خەلق نوپۇسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن ـ قىلمىسۇن، قايسى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن، سىياسىي جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولۇپ، قانۇن بويىچە ئوخشاش ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى دەۋا تەلىپىنى ئۈنۈملۈك ئىپادىلىيەلەيدۇ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىدىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولالايدۇ. شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى باشتىن ـ ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇزاقتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشكەن، ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈردى، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئىچكىرى رايونلاردىكى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مەدەت، ياردەم بەردى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 19 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ، بىزنىڭ شىنجاڭغا ئىلغار تېخنىكا ۋە مەبلەغ، تۈر ئېلىپ كېلىپ، بىزنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش مۇھىتىمىزدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، كونا شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئومۇمىي خەلق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

ھالبۇكى، خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ۋە چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ تەسىرىدە، ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىپ يامراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى كۆپ يۈز بېرىپ، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئارىسىدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت «بىر قولدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىش ۋە تەربىيەلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىندى. مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى، بۇلتۇر ئاپتونوم رايون كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ سانى 150 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، بۇ يىل شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ سانى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. ساياھەتچىلىك ئىناقلىق، مۇقىملىقنىڭ «بارومېتىر»ى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيادىكىلەرگە شىنجاڭنىڭ ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى!

كۆپ يىللاردىن بۇيان، مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىۋېرسال تەربىيەلىنىشىدىمۇ كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش بولدى، دىنىي بىلىم سەۋىيەم ۋە قانۇن ـ تۈزۈم ئېڭىم ئۆستى. قەلبىمدە باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى، دۆلەتكە بولغان ساداقەتمەنلىك ھېسسىياتى تولۇپ تاشتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىرلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىمەن، ئەمەلىيلەشتۈرىمەن، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمەن. مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ كۈنسېرى قۇدرەت تېپىشى بولمىسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىز ۋە ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت ۋەزىيىتىمىز بولمايتتى. بىز باشتىن ـ ئاخىر كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، بايرىقىمىزنى روشەن، مەيدانىمىزنى مۇستەھكەم قىلىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن پۇقرا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا ھەرقانداق ئادەمدىن بەكرەك تەشنا، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئېجىللىقىنى قەتئىي قوغدىشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھېچقانداق كۈچ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشتىكى ئىلگىرىلەش قەدەممىزنى توسۇپ قالالمايدۇ.

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. ھازىرقى شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ، تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەت قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار تۈرلۈك ئامال ـ چارىلەر بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى، بوھتان چاپلىدى. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ھەدەپ قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، خەلقئارا ئەخلاق ۋە ھەققانىيلىققا، ئىنسانىي ۋىجدانغا، ئەخلاققا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ بولغان رەزىل تەرەپتە تۇرۇپ، تېررورلۇق قىلمىشلىرىغا يول قويدى، قۇترىتقۇلۇق قىلدى. ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنى مالىمان قىلماقچى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشىنى توسۇماقچى بولدى. بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئالدانمايدۇ.

# ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق تونۇش رەزىل ئەپت ـ بەشىرىنى ئېچىپ تاشلاش

☐ قومۇل شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، ئېۋىرغول رايونى جۇڭشەن جەنۇبىي يولى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئەخەت دولقۇن

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ قارا چاپلىدى، دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلەنگەنلىكىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

مەن قومۇلدا تۇغۇلغان، قومۇلدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان تىياشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدا بولغان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈپ، ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئەمگەكچان بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ بىرلىكتە گۈزەل شىنجاڭ قۇرغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم. لېكىن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بەردى، نۇرغۇن بىگۇناھ ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى تېررورىزمنى پەيدا قىلىدىغان تۇپراق. ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بىزنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش، تېررورىزمغا زەربە بېرىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىز ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈمىمىزنى نەزەرگە ئالماي ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئوبيېكتىپ پاكىتقا ھۆرمەت قىلماي، بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىمىزنى قىلچە ئاساسسىز ئەيىبلىدى، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىدى، ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشى «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە تېررورىزمغا يانتاياق بولغانلىق، يەل بەرگەنلىك، ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، بىز ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تىنچ، بەختلىك تۇرمۇشىنى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكىدىكى بىرقىسىم سىياسەتۋازلارنى مەردانە ھالدا كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، ئەمدى ئاغزىڭلارغا كەلگەننى جۆيلۈپ، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارماڭلار، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ـ كەچۈرمەيۋاتقانلىقىغا شىنجاڭلىقلار ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، بىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق، گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ياشاش ھوقۇقى ئەڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق، زوراۋان، تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ باشقىلارنى ھاياتىدىن ئورۇنسىز مەھرۇم قىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتلىقنى قەدىرلەش ئەقىدىسىگە زىت يول تۇتقانلىق، شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ۋە دەپسەندە قىلغانلىق. شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈرگەنلىك. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى ئەسقاتىدىغان، ئۈنۈملۈك بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى.

شىنجاڭدا، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھۆكۈمەت ھەر مىللەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ، «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش، توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويدى. مەن تۇرۇشلۇق مەسچىتكە مۇنچا ئەسلىھەسى سېلىنىپ،

(ئاخىرى 9 ـ بەتتە)

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ سۇيىقەستى جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

☐ پىچان ناھىيەسى پىچان بازىرى تېتىر كەنتى مەسچىتىنىڭ خاتىپى بەكرى مامۇت

مېنىڭ ئىسمىم بەكرى مامۇت، ئۇيغۇر، شىنجاڭ پىچان ناھىيەسى پىچان بازىرى تېتىر كەنتى مەسچىتىنىڭ خاتىپى. مەن رادىيودىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇلار پاكىتنى بۇرمىلاپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، يالغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ھەمدە شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا بوھتان چاپلاپ ۋە ئۇنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي تەسراتىنى نەزەرگە ئالمىدى، ئۇيغۇر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭدىن كۈچلۈك نەپرەتلىنىمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

مېنىڭ ئامېرىكىنىڭ بۇ سىياسەتۋازلىرىدىن سوراپ باققۇم بار، سىلەرنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭلىقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىدىغانغا نېمە سالاھىيىتىڭلار بار، سىلەردىن كىم شىنجاڭغا كېلىپ باققان؟ كىم سىلەرنىڭ ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن؟ پاكىت ئاساسى بولمىغان يالغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىش ھاقارەتلىگەنلىك ۋە بوھتان چاپلىغانلىق. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ شىنجاڭ پىچان ناھىيەسىدە ياشاپ كەلدىم، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا ھەدەپ زوراۋانلىق، تېررورلۇق، بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ئىنتايىن زور خەۋپ ئېلىپ كەلدى، ھەرمىللەت خەلققە ئىنتايىن زور ئازاب كەلتۈردى. بۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، بىزنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىمىزنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلار بۇنى كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى. بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ شىنجاڭ بىخەتەر بولدى، مۇقىم بولدى، سىلەر ئەكسىچە قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولدۇڭلار، يەل بەردىڭلار. سىلەرنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭلاردىن بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئاممىسى سىلەرنىڭ رەزىل غەرىزىڭلارنى تېخىمۇ سەگەكلىك بىلەن ئېنىق تونۇپ يەتتۇق. بىر جۇڭگولۇق، بىر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايمەن. شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بىز ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. شىنجاڭدا دىنىي ئېتىقادنىڭ ئەركىن ياكى ئەركىن ئەمەسلىكى توغرىسىدا بىز كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى، شىنجاڭدا تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتى تۈسۈلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، ھەرمىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ھازىر، بىزنىڭ بۇ يەردە ئايرودۇرۇم، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول بار، سەپەرگە چىقىشىمىز ناھايىتى قولايلىق، ھەر مىللەت ئامما ئازادە، يورۇق، ئەسلىھەلىرى تولۇق ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى؛ كېسەل بولساق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە ئېغىر كېسەللەر سۇغۇرتىسى بار، ھەر يىلى يەنە ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قاتنىشالايمىز؛ ئاممىۋى مەنپەئەت خاراكتېرلىك ئىش ئورۇنلىرىغا ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن كىشىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەربىر كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، قاتارلىقلار. ئەتراپىمىزدا ھەر ۋاقىت كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەربىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتى. بىزنىڭ ياشاش ھوقۇقىمىز، ساغلاملىق ھوقۇقىمىز، تەرەققىيات ھوقۇقىمىز تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولدى.

(ئاخىرى 9 ـ بەتتە)